# پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتەيلى

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش - ياخشى ئىشلىيەلمەسلىكنىڭ ئەڭ تۈپ ئاساسى پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ قەتئىي كۈچلۈك بولۇش - بولماسلىقىدا. 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى چوڭقۇر كۆرسەتتى: پارتىيەمىزنىڭ ئەسلى مەقسىتى، بۇرچى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش. باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىدىن يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە توغرىلىنىپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ كۆزىتىپ، پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇش ۋە ئىگىلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە - ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە يۈرۈش قىلىشقا مۇستەھكەم ئاساس سېلىندى. بىر قاتار نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى، پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى تولۇق نامايان قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر نامايان قىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرساق، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا ماڭساق، قەتئىي تەۋرەنمەي مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرساق ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرسەك، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىك ۋەزىيىتىنى يارىتالايمىز، ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز.

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ئىختىساسلىقلارنى تاللاش مۇھىم. پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. قەتئىي بوشاشماي غايە - ئېتىقاد تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتىكى چېنىقىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كادىرلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى پەرقلەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھوقۇقىنى باشتىن - ئاخىر سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان كادىرلارنىڭ قولىدا مەھكەم تۇتقۇزۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭ كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەش يىرىك پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، نەزەرىيە ئاساسى پۇختا، سىياسەتنى جايىدا ئىگىلىگەن، ئەمەلىيەت ئىقتىدارى كۈچلۈك كادىرلار قوشۇنىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. پارتىيەگە سادىق، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇشنى مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە بوشاشماي داۋاملىق تۇتۇپ، روشەن ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشى تۇرغۇزۇپ، سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالالايدىغان مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا تولۇق ئىشىنىش، ئۇلار بىلەن چىڭ ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنى يۈرەكلىك تاللاپ ئۆستۈرۈش، دادىل ئىشلىتىش كېرەك. دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ئىشەنچكە ئەرزىيدۇ، جەڭگىۋارلىققا ئىگە»، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈپ، خىزمەت جەھەتتە قوللاپ، تەمىنات جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈپ، تۇرمۇش جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈپ، پسىخىك جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى مىللەت روھى ۋە دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، توغراق روھى ۋە بىڭتۇەن روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋردە چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىشقا، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زور ئىشى، جەزمەن پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، مەركەز تارماقلىرى قوللايدىغان، يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر ياردەم بېرىدىغان، ماسلىشىدىغان، شىنجاڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەركەز شىنجاڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ خىزمىتىگە قارىتا ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش، سىياسەت تەتقىق قىلىش، ماسلاشتۇرۇش - يېتەكچىلىك قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش - تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە قارىتا خىزمەت پىكرىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك؛ مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش - يېتەكچىلىك قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى كېرەك. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك؛ ئىچكىرى رايونلاردىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر شىنجاڭغا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوللىشى كېرەك؛ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر شىنجاڭ بىلەن ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ بىڭتۇەننىڭ تەشكىلىي ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، بۇرچ شەرەپلىك، مەسئۇلىيەت مۇھىم، زور، تۆھپىسى ھازىرقىلارغا، پايدىسى كېيىنكىلەرگە بولىدۇ. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق يارىتايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئامما ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىپ، قەھرىمانلارنىڭ مول تۆھپىلىرى، ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى ياد ئېتىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچىنى زىممىگە ئېلىش، مەڭگۈ كۈرەش قىلىشتەك قۇدرەتلىك كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش مەردانە ھېسسىياتى ۋە قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

ئۈرۈمچى خەلق مەيدانى ھەيۋەتلىك سۈكۈتكە چۆمگەنىدى، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق شامالدا يەلپۈنەتتى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش خاتىرە مۇنارى ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۈ خەيرۇڭ مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

سائەت 11دە، خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى. ھەيۋەتلىك، ياڭراق «پېدائىيلار مارشى» ئورۇنلىنىشى بىلەن، پۈتۈن مەيداندىكىلەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى تەكشى، ئۈنلۈك ئېيتتى.

دۆلەت شېئىرى ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەيداندىكىلەر سۈكۈتتە تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا باتۇرلارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىدە باتۇرلارچە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈردى.

سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھەر مىللەت ئۆسمۈرلەر - باللار «بىز كوممۇنىزم ئىز باسارلىرى»نى ئېيتتى، ھەممە پىيونېرلار ئەترەتنىڭ ئەترەت سالامىنى بەردى.

چاسا سەپنىڭ ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئامما، جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى نامىدا تەقدىم قىلىنغان توققۇز گۈل سېۋىتى قاتار تىزىلغانىدى. گۈل سېۋىتىنىڭ قىزىل لېنتىسىدىكى «خەلق قەھرىمانلىرى مەڭگۈ ھايات» دېگەن ئالتۇن رەڭلىك چوڭ خەتلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى، بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى 25 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار، قەھرىمانلار - قۇربانلارغا بولغان چەكسىز سېغىنىشى ۋە ئالىي ئېھتىرامى مۇجەسسەملەنگەنىدى.

چوڭقۇر ھېسسىياتلىق گۈل تەقدىم قىلىش مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ، 18 ھۆرمەت قاراۋۇلى گۈل سېۋەتلىرىنى سىلىق كۆتۈرۈپ ئاستا قەدەم بىلەن خاتىرە مۇنارى ئالدىغا كېلىپ، گۈل سېۋەتلىرىنى خاتىرە مۇنارىنىڭ ئۇل تەكچىسىگە قويدى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي قاتارلىقلار سۈكۈتتە تۇرۇپ، خاتىرە مۇنارى ئۇل تەكچىسىگە چىقىپ، گۈل سېۋىتى ئالدىدا توختاپ، خېلى ئۇزاق سۈكۈتتە تۇردى، گۈل سېۋىتىدىكى لېنتىلارنى كۆڭۈل قويۇپ رەتلىدى. ئارقىدىن، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ھەم شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ رەھبەرلىرى، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كادىرلار، ئامما ئاستا قەدەم بىلەن خاتىرە مۇنارىنى ئايلىنىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش خاتىرە مۇنارىغا چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈردى.

مۇراسىمغا قاتناشقان ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى: سانسىزلىغان قەھرىمانلار - قۇربانلار جان پىدا قىلىپ، ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇپ، بۈگۈنكى خاتىرجەم، ئىناق بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى قولغا كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە روھى بىزنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ، ئۇلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى مەڭگۈ ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىش ئۇلۇغ غايىسىگە تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ئىرادىدىن قايتماي، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار خەلق قەھرىمانلىرىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

زور خەۋپ پەيدا قىلماقتا. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىزگە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بىز بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، چىڭ تۇتۇپ ھەرىكەتكە كېلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا قوغداپ، قوغداش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بارلىق مەۋجۇداتلار ئىناق ئۆتىدىغان گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ بۇ ھەقتە تۆت تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا تايىنىدىغان مۇھىم ئاساس. ئېكولوگىيە گۈللەنسە، مەدەنىيلىك گۈللىنىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيلىككە مەسئۇل بولۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىپ، تەبىئەتكە ماسلىشىپ، تەبىئەتنى قوغداپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق، بىللە ئۆتۈش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئېكولوگىيەنى قوغداشنىڭ ماسلىشىپ بىرلىكتە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۈللەنگەن، پاكىز، گۈزەل دۇنيانى ئورتاق قۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى مۇھىت تۈزەش بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. «جانلىقلار كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى»، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىلىمات ئۆزگىرىشى رامكا ئەھدىنامىسى» ھەمدە «پارىژ كېلىشىمى» قاتارلىق خەلقئارا شەرتنامىلەر مۇھىت تۈزەشكە ئالاقىدار قانۇنىي ئاساس، شۇنداقلا كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنىڭ مۇھىم نەتىجىسى بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كەڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشىغا ئېرىشتى. يەر شارىۋى مۇھىت خەۋپ - خەتىرى، خىرىسى ئالدىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە، يەككە تەرەپچىللىك كىشىلەر كۆڭلىگە ياقمايدۇ، قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىش توغرا يول. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغداپ، خەلقئارا قائىدىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە نوپۇزىنى قوغداپ، يەر شارىۋى مۇھىت تۈزەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، يېشىل تەرەققىياتنى ساقلاپ، يۇقۇمدىن كېيىنكى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئەسلىگە كېلىش ھاياتىي كۈچىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، ئىرادىنى ساقلاپ، يېشىل، سىغدۇرۇشچان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. تەبىئەتنى قوغداش داۋامىدا تەرەققىيات پۇرسىتى ئىزدەپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا قوش پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچى، مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىپ، مۇھىت خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئاشۇرۇش كېرەك. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا، مۇھىت مەسىلىسىدىكى تارىخىي مەسئۇلىيىتى ۋە رېئال ئىقتىدارىدا پەرق بار. ئورتاق، لېكىن پەرقلىق مەسئۇلىيەت پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا، ئىقتىدار قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە ۋەدىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، نىشانى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسى ئارقىلىق تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، كۈچلۈك سىياسەت، ھەرىكەت قوللىنىدۇ. ئۆتكەن ئون يىلدا، ئورمان بايلىقىنىڭ ئېشىش كۆلىمى 70 مىليون گېكتاردىن ئېشىپ، پۈتۈن يەر شارى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. قۇملىشىش، چۆللىشىشنى ئۇزاق ۋاقىت، كەڭ كۆلەمدە تۈزەپ، سۇلۇق يەرنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى، ئەسلىگە كەلتۈردى، جانلىقلارنىڭ ئىرسىيەت بايلىقىنى توپلاش، ساقلاش مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. 90% قۇرۇقلۇق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ تۈر تىپى ۋە 85% نۇقتىلىق ياۋايى ھايۋانلار تۈر توپى ئۈنۈملۈك قوغدالدى. جۇڭگو يەر شارىۋى مۇھىت تۈزەشكە پائال قاتنىشىپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى، جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى قاتارلىق مۇھىتقا ئالاقىدار شەرتنامىلەردىكى مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، 2020 - يىللىق كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار نىشانى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىدى. جۇڭگو ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرىدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان خەلقئارا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇش سالمىقىنى زورايتىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كاربون (IV) ئوكسىدى قويۇپ بېرىشنى 2030 - يىلدىن بۇرۇن چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈشكە تىرىشىپ، 2060 - يىلدىن بۇرۇن كاربون نېيتراللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى»دە بېكىتىلگەن نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ ۋە تۆھپە قوشىدۇ.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو كېلەر يىلى كۇنمىڭدا «جانلىقلار كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى» بويىچە 15 - قېتىملىق ئەھدىنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ، مەن كۆپچىلىكنىڭ كېلەر يىلى كۇنمىڭدا جەم بولۇپ، يەر شارىۋى جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق كېڭەشىشنى قارشى ئالىمەن. بىز بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنىدىن قول تۇتۇشۇپ يولغا چىقىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، بارلىق مەۋجۇداتلار ئىناق ئۆتىدىغان گۈزەل دۇنيانى ئورتاق قۇرۇپ چىقايلى!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)